# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي

30

سەيشەنبە

维吾尔文 7月30日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24772 - سان بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

## مەمۇرلار قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولغا قويۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن مەمۇرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «مەمۇرلار قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولغا قويۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن مەمۇرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) ھەم ئۇنىڭ تەشكىلات (كادىرلار) تارماقلىرىنىڭ يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مەمۇرلار قانۇنىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك قاتتىق سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مەمۇرلار قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشنى يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن مەمۇرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىقادى مۇستەھكەم، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، تىرىشچان، ئەمەليەتچىل بولغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، پاك - دۇرۇس مەمۇرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن مەمۇرلار قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يولداش لى پېڭنىڭ جەستى بېيجىڭدا كۆيدۈرۈلدى

**شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن قاتارلىقلار باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. خۇ جىنتاۋ باشقا جايدا بولغاچقا، گۈلچەمبىرەك ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى**

**يولداش لى پېڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداشلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يولداش لى پېڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى**



7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، يولداش لى پېڭنىڭ جەستى بېيجىڭ باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىدا كۆيدۈرۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن قاتارلىقلار باباۋشەنگە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى، خۇ جىنتاۋ باشقا جايدا بولغاچقا، گۈلچەمبىرەك ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ لى پېڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، سەممىي ھال سورىماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىيون، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، 13 - نۆۋەتلىك، 14 - نۆۋەتلىك، 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ سابىق زۇڭلىسى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى يولداش لى پېڭنىڭ جەستى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭ باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىدا كۆيدۈرۈلدى.

يولداش لى پېڭ كېسەل سەۋەبىدىن 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت 23تىن 11 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭدا 91 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش لى پېڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداشلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يولداش لى پېڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىنىڭ زالى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى، ماتەم مۇزىكىسى بوش ئاۋازدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «يولداش لى پېڭغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز» دېگەن قارا تەگلىك ئاق خەتلىك پىلاكات، پىلاكاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە يولداش لى پېڭنىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. يولداش لى پېڭنىڭ جەستى گۈل ۋە ئارچىلار ئارىسىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى يېپىلغانىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دىن 30 مىنۇتلار ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن قاتارلىقلار ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە ئاستا قەدەم بىلەن يولداش لى پېڭنىڭ جەستى ئالدىغا كېلىپ، سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى، يولداش لى پېڭنىڭ جەستىگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى ھەم يولداش لى پېڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال سورىدى. خۇ جىنتاۋ باشقا جايدا بولغاچقا، گۈلچەمبىرەك ئەۋەتىپ، يولداش لى پېڭنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلىرى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى ياكى تۈرلۈك شەكىلدە تەزىيە بىلدۈردى. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، يولداش لى پېڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار ساھەسىدىكى مەركەز خامچوتى ئىچىدىن مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەر مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى

**«قۇرۇلۇش ۋاقتىنىڭ يېرىمى ئۆتتۈش، ئىش باشلانغان تۈرلەر يېرىمىدىن ئېشىش»تىن ئىبارەت باسقۇچلۇق نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى**

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئىجتىمائىي ئىشلار ساھەسىگە مەركەز خامچوتى ئىچىدىن چۈشۈرۈلگەن مەبلەغدىن جەمئىي 3 مىليارد 704 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق كاپالىتى، مەدەنىيەت ساياھەتنى ئۈستۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۇرۇش، ئاممىۋى تەنتەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەش چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىدىن 274نى قوللىغان.

ھازىرغا قەدەر، بەش چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 100% بولغان، 152 تۈردە ئىش باشلانغان، تۈرلەردە ئومۇمىي ئىش باشلىنىش نىسبىتى 55.47% بولۇپ، بەش چوڭ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، «قۇرۇلۇش ۋاقتىنىڭ يېرىمى ئۆتتۈش، ئىش باشلانغان تۈرلەر يېرىمىدىن ئېشىش»تىن ئىبارەت باسقۇچلۇق نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

2019 - يىللىق ئىجتىمائىي ئىشلار ساھەسىدىكى تۈرلەرگە مەركەز خامچوتى ئىچىدىن مەبلەغ سېلىش پىلانى ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈرۈلگەندىن بۇيان، تۈرلەردە شۇ يىلدا ئىش باشلىنىش نىسبىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، مەركەز سېلىنمىسىنىڭ ئىمكانقەدەر بالدۇر ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تۈر ئورۇنلىرى بىلەن ئىناۋەت ۋەدە ئالاقىسى ئىمزالاش، ھەر ئايدا قەرەللىك توردا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈر ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ھەم كەسىپ تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئىز قوغلاش، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، تۈر ئورۇنلىرىنىڭ تۈر قانۇنىي ئىگىسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش تۈزۈمى، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىك تۈزۈمى، پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمى قاتارلىق قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سۈپەت، سۈرئەت، تەننەرخ، بىخەتەرلىك جەھەتتە تىزگىنلەشنى كۈچەيتكەن ھەم تۈرلەرنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كېيىنكى مەركەز خامچوتى ئىچىدىكى مەبلەغنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم پايدىلانمىسى قىلىپ، تۈر ئورۇنلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دۆلەت ئىناۋەت سىستېمىسى سۇپىسى بىلەن باغلاپ، قىسمەن تۈر ئورۇنلىرىنىڭ «مەبلەغ ئىلتىماس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، تۈر باشقۇرۇشقا سەل قاراش»تەك ئۇسۇلىنى قەتئىي ئۆزگەرتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى يەنە ئالاقىدار كەسىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە 2019 - يىللىق تۈرلەرگە قارىتا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىپ ئەگىشىپ، تۈر ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدا ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتى، مەبلەغ باشقۇرۇش - ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا قارىتا نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تۈر ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشتىكى ئالتۇن مەزگىلنى چىڭ تۇتۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلار ساھەسىدىكى مەركەز خامچوتى ئىچىدىن مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەردە شۇ يىل پۈتتۈنلەي ئىش باشلاشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

ساياھەت كىرىمى ئون يىلدا 18 ھەسسە ئاشتى

## ئالتاي «جۇڭگو قار يۇرتى» ئالتۇن خەتلىك ماركىسىنى نۇرلاندۇردى

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **باۋ دۈگشى، لى چۈنشيا، جاڭ تىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىسى ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، يول بويى شۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش ۋەزىيىتىنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى كۈچلۈك ھېس قىلدى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 2018 - يىللىق ساياھەتچى سانى 22 مىليون 830 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، 2008 - يىلدىكىدىن يەتتە ھەسسىدىن كۆپ ئاشقان؛ ساياھەت كىرىمى 23 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 2008 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 18 ھەسسە ئاشقان. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 8 مىليون 892 مىڭ 200 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 91.4% ئاشقان، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 8 مىليارد 160 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 94.7% ئاشقان.

بۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ھەم ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگىچە شارائىتقا ئىگە ساياھەت بايلىقى ۋە مول بايرام مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ساياھەت پائالىيەتلىرىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، تېخىمۇ مۇھىمى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئاۋىياتسىيەسى، تۆمۈريول، تاشيول، چارۋا يولى بىر گەۋدىلەشكەن مىڭ چاقىرىملىق قاتناش سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق ساياھەت تونۇشتۇرۇشنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، قويۇق تارىخىي قىياپىتى ۋە مول مەدەنىيەت ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «غىزالىنىش، قونۇش، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، ھاجەتخانا»دىن ئىبارەت يەتتە چوڭ مۇھىم ئامىللىق ساياھەت كەسىپ زەنجىرىنى بېيىتىپ ۋە ئۇزارتىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇردى. شەكىل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆپەيتىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى يېڭى مەنزىرىسى ۋە ساياھەت مەنزىلىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى ئالتايىنى بەھۇزۇر ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 60 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

## خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 60 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى باش كاتىپلىرىنىڭ خىزمەت پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نىزاملارنى رەتلەش خىزمەت لايىھەسى تەتقىق قىلىندى، 2019 - يىللىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى رېيونزىيە ۋە ئەدلىيە خىزمىتى تەربىيەلەش سىنىپىغا قاتنىشىش ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى ۋە مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى باش كاتىپلىرىنىڭ خىزمەت پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بىڭتۇەن پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلىپىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى، تەسرات، ھېس قىلغانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئالماشتۇردى

## باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ بىڭتۇەندە ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **شېن يۈەنگېڭ، جاڭ لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بىڭتۇەن پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي سۇن جىنلۇڭ ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

بىڭتۇەن پارتكومى بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتنىشىدىغان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 15 - قېتىم كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلغاندا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ فوتوۋولت ۋە شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش ئايلىنىشى سىجىل ياخشىلاندى

مۇخبىرىمىز **شى شىننىڭ** 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ فوتوۋولت ۋە شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش ئايلىنىش ئەھۋالى سىجىل ياخشىلىنىپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى جەھەتتە ۋاز كېچىلگەن توك مىقدارى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى، شامال ئېنېرگىيەسى جەھەتتە ۋاز كېچىلگەن توك مىقدارى، شامال ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن.

6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ تورلاشتۇرۇپ ئايلانغان توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 86 مىليون 755 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە فوتوۋولت توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 10 مىليون 216 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنىڭ 11.7%ىنى ئىگىلىگەن. شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 19 مىليون 251 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنىڭ 22.2%ىنى ئىگىلىگەن.

فوتوۋولت ۋە شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۇقىرى ئۆرلىگەن. 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمى (تورلاشتۇرۇپ ئايلانغان) توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش سائىتى 1699 سائەتكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، فوتوۋولت توك تارقىتىش مىقدارى 692 سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 59 سائەت كۆپەيگەن. شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ 1114 سائەت توك تارقىتىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 116 سائەت كۆپەيگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)